# شى جىنپىڭ كرودىيەنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن زۇڭتۇڭىغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ زوران. مىرانوۋىچقا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ كرودىيەنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - كرودىيە ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشىنىشى مۇستەھكەم، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش نەتىجىلىرى مول، جۇڭگو - ئوتتۇرا - شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىق رامكىسى ئىچىدە ياخشى ھەمكارلىق قانات يايدۇرۇلماقتا. كرودىيە جۇڭگونىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ياخشى دوستى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ رەئىس دۆلەتلىك ۋەزىپىسىنى نۆۋەت بىلەن ئۆتەۋاتىدۇ. مەن جۇڭگو - كرودىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ مىرانوۋىچ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى تەرەپنىڭ دوستلۇقى ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو - ئوتتۇرا - شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقى ۋە جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى خالايمەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ساقلاش كېرەك. تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، شارائىتقا ئاساسەن، كەسىپكە ئاساسەن، كارخانىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن تەدبىر يۈرگۈزۈپ، رايون بويىچە، ساھەلەر بويىچە، ۋاقىت بۆلىكى بويىچە بىخەتەر، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى چىڭىتىش كېرەك، مەسئۇل ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە مەسئۇل قىلىپ، ئىش ئورنىغا قايتقان خىزمەتچىلەرنىڭ ساغلاملىقىنى كۆزىتىش - ئۆلچەشنى ئومۇميۈزلۈك ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي مۇداپىئەلىنىشىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، قورۇلۇش قىلىش، ياتاق مەيدان - سورۇنلىرىنىڭ تازىلىقىنى تۈزەش، دېزىنفېكسىيەلەش - ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىق لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا تارقىلىشى، يامراشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك. سىياسەت جەھەتتىن يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، تۈرلۈك باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى پەرقلىق ئېتىبار بېرىش پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش كېرەك. ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش كېرەك، كارخانىلار ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش داۋامىدا دۈچ كەلگەن خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىغا قايتىش، خام ماتېرىيال تەمىناتى، بازاردا سېتىش، مەبلەغ ئوبوروتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىق، مەسىلىلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەل قىلىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش كېرەك. مۇھىم ئامىل كاپالىتىنى كۈچەيتىش كېرەك، كۆمۈر، توك، ماي، گاز، توشۇش، تەمىنلەش، ئېھتىياجنى جىپسلاشتۇرۇشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك. مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىستىلنى ياخشىلاپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئالدىغا ئۆتۈپ مۇلازىمەت قىلىپ، ئالاھىدە ئىشنى ئالاھىدە بېجىرىش، جىددىي ئىشنى جىددىي بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇپ، يېشىل يول ئېچىپ، خىزمەت تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۇ خەيرۇڭ بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاشنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن مەھەللىلەردىكى ئاھالىلەرگە ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ماسكا تاقاش، قولنى يۇيۇپ تۇرۇش، يىغىلماسلىقنى تاپىلاشقىچە، ھەيدەكچىلىك قىلىشقىچە؛ مەھەللىلەرنى يېپىق باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش، يۇقۇمنى كۆزىتىش - ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، «تۆت خىلدىكى كىشىلەر»نى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىشتىن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، دېزىنفېكسىيە قىلىش، مىكروب ئۆلتۈرۈش، ئەخلەتنى تازىلاش، تازىلىق قىلىشقىچە؛ قويۇق ئۇچراشقان كىشىلەرنى ئۆيىدە تېببىي كۆزىتىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىپ، ئىدىيەۋى خىزمەت ۋە پىسخىك يېتەكلەشنى ياخشى ئىشلەشتىن ئاھالىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەر خىل كونكرېت، ئىنچىكە قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىقلارغىچە كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەجرى ۋە ئىش ئورنىدا چىڭ تۇردى، تۆھپىسى ۋە قان - تەرى بەدىلىگە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيەسىنى قۇرۇپ چىقتى. مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ دۈچ كەلگىنى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئائىلە، تۈرلۈك - تۈمەن ئىش، تۈرلۈك - تۈمەن قىيىنچىلىق بولدى، ئۇلار بەدەل تۆلىمىگەن بولسا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە پائال نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلمىگەن بولاتتى.

خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقى ئۈچۈن، كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلاشماي ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالدى. «بىزنىڭ خىزمىتىمىز ئىنتايىن مۇھىم، قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك.» «ۋاقتىمنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئائىلە خاتىرجەم بولىدۇ، قانچىلىك بەدەل تۆلىسەكمۇ ئەرزىيدۇ.» «بىز ھازىر مەھەللىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، دەرۋازىنى چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك!» مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاددىي، سەمىمىي سۆزلىرىدىن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتىن ئىبارەت زىممىگە ئېلىش روھى نامايان بولدى. مەھەللە كادىرلىرى، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىدىن ئاساسىي قاتلامنىڭ دائىرىلەشتۈرۈشكە مەسئۇل خادىملىرى، مۈلۈك باشقۇرۇش خىزمەتچىلىرى، يەنە زور تۈركۈمدىكى پىدائىيلارغىچە ئۇلارنىڭ كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ، ھاردىم - تالدىم دېمەي، جاپالىق ئىشلىشى بەدىلىگە مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ قەلبى ئىللىدى، كۆڭلى خاتىرجەم بولدى، ئۇلار ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىش خىسلىتىنى نامايان قىلدى، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى. ئۇلار مەھەللىدىكى ئاممىنىڭ سىردىشى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى باشلامچىلار.

ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ، كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش، ئۇدا جەڭ قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەربىر تۈرلۈك خىزمەت، ھەربىر ھالقىنى دەل جايىدا ئىشلەپ، مەھەللىنىڭ تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مەھەللە ئاھالىلىرىنى يەنىمۇ سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ خەلق مۇداپىئە لىنىيەسىنى قەتئىي مۇستەھكەملەشكە ئەڭ ئېھتىياجلىق. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، مەھەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى قوللاپ ۋە كاپالەتلەندۈرۈپ، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەر تىپلار ۋە ئىلغار ئىش ئىزلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، تۇرمۇش، بىخەتەرلىك، ئادەمىيەت غەمخورلۇقىنىڭ ھەممىسىنى دەل جايىدا كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇم ۋەزىيىتىدە ئىجابىي ئۆزگىرىش بولدى، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە ئىجابىي نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ تەستە قولغا كەلدى، كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى مۇھىم تۆھپە قوشتى. پەقەت مەھەللىدىن ئىبارەت بۇ مۇداپىئە لىنىيەسىنى قەتئىي ساقلىغاندىلا، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى چوقۇم يەنىمۇ گەۋدىلىنىدۇ، يۇقۇم ۋەزىيىتى چوقۇم يەنىمۇ ياخشىلىنىدۇ. بىز غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، تېخىمۇ قەتئىي ئىشەنچ، تېخىمۇ قەيسەر ئىرادە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىغا يېقىندىن تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك.

**(2 - ئاينىڭ 18 - كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ مېيكې خىمىيە سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىلىرى تولۇق ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىسمېنا قوشۇپ ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. بۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى سۇن جىگۇاڭ مۇنداق دېدى: «مېيكې خىمىيە سانائىتى شىركىتى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات 1، 4 - بۇتىل گلىكول (BDO) بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەنكى لىنىيەنى كۆز ئاسراش ئەينىكى، مۇداپىئە كىيىمى ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن تەمىنلەيدۇ، ھازىر كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 600 توننا. تۆۋەنكى لىنىيەدىكى خېرىدارلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خىزمەتچىلەر بىرىنچى سەپتە ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەۋاتىدۇ».

## دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىش ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشۇش

يۇيۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كۈندىلىك خىمىيە سانائىتى كارخانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «نائەيسى» ئۈرۈمچى چەكلىك شىركىتى ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى باشقىدىن قۇراشتۇرۇپ، تەڭشەپ ۋە سىناپ، تېپىنى ۋاقىتلىق ئۆزگەرتىپ، 84 دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنى ئىشلەپچىقاردى. 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ 15 توننىغا يېتىشى مۆلچەرلەندى. دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالاقىدار تارماقلار ئالاھىدە ئىشنى ئالاھىدە بېجىرىپ، كارخانىلارغا يېشىل يول ئېچىپ بېرىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئوڭۇشلۇق ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بەردى. بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى رېن جىخۇي مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىم ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى تېزدىن ئېلىشىمىز، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، قوللىغانلىقىدىن بولدى. كېيىنكى قەدەمدە، بىز بار كۈچىمىز بىلەن تىرىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىمىز».

كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىقنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەكشى، مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى جۇڭگو ئامانلىق مۈلۈك سۇغۇرتىسى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى بىلەن كىچىك، مىكرو كارخانىلار ئۈچۈن «مىليون ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇتقۇزۇش پۇلى» خەۋپ - خەتەر كاپالىتى مەخسۇس مۇلازىمىتى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەشكە پائال ماسلاشتۇردى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 6000غا يېقىن كىچىك، ئۈششاق كارخانا بۇ شىركەت تەمىنلىگەن ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد يۈەنگە يېقىن مەخسۇس كاپالەتكە ئىگە بولدى، بۇ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كارخانا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى ھەل قىلدى.

**(مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ، ما يىنىڭ، چېن چياڭۋېي، يۇ شى، شيا جىڭ، گې يوۋجۈن، لۇ فېڭباۋ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ما تيەنچى، شاڭ لىنىڭ، چېن شىن، لىيۇ جيەن يازغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئاساسلىق يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىنى تەڭشەپ يۆتكەش، زاپاس ساقلاش ۋە تەمىنلەش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى جانلىق قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى تەمىناتىنىڭ يېتەرلىك، سۈپىتىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پايدىلىق پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، نامرات ئاھالىلەرنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ «ئالاقە تورى+» دىن پايدىلىنىپ سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش ئاز سوممىلىق قەرز پۇل سىياسىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، قەرەلى توشقان بولسىمۇ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىغانلارنىڭ قەرز قايتۇرۇش مۇددىتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىش كېرەك؛ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇش شەرتى ئاستىدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىدە ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، توردا بىرلىشىپ تەكشۈرۈش، بىرلىشىپ تەستىقلاش، توردا مۇتەخەسسىسلەر باھالاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىشتا يېڭىلىق يارىتىپ، تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سەۋەبىدىن تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا قالغان نامرات ئاممىنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇپ، ياردەم بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە نامرات ئاممىنىڭ داۋالىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، نامرات ئاممىنىڭ ئاغرىپ قالسا ۋاقتىدا داۋالىنالايدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، بۇ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى قورغانغا ھۇجۇم قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋېۋىسكا ئېسىپ جەڭنى نازارەت قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھالدا چۈشۈپ قالغانلىرىنى ئېنىقلاپ، كەم قالغانلىرىنى تولۇقلاپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش - ئۆستۈرۈش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، ئالدىن سىگنال بېرىش، باشقا جايغا كۆچۈرگەندىن كېيىنكى ياردەم بېرىش - يۆلەش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئىستىلنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ ئىككى ئاغرىق دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكى ۋە بېكىتىلگەن قوبۇل قىلىپ داۋالايدىغان دوختۇرخانىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ئارقىلىق، بەدەن تېمپېراتۇرىسى نورماللىشىپ، ئۇدا ئىككى قېتىم نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مەنپىي چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلەشمە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق 5 - نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلمىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ(بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 14كە يەتتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، زۇڭتۇڭ ئەپەندى يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلىپ، جۇڭگو تەرەپتىن ھال سورايدىغانلىقىنى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇ، جۇڭگو - فرانسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى ۋە جۇڭگو - فرانسىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى ھەمدە سىزنىڭ جۇڭگو ۋە جۇڭگو - فرانسىيە مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىڭىزنى تولۇق ئىپادىلىدى، مەن بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئالقىشلايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو تەرەپ ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەرنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى بىر مەيدان خەلق ئۇرۇشىنى قوزغىدى. جۇڭگو قۇدرەتلىك سەپەرۋەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ۋە ئۈنۈۋېرسال ئەمەلىي كۈچكە ئىگە، ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىسى بار، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە چوقۇم غەلىبە قىلالايدۇ. نۆۋەتتە، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىدە پائال نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بىز ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، تۈرلۈك كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەدەت بېرىپ ۋە تۈرتكە بولۇپ، ئىجتىمائىي تەمىناتنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىۋاتىمىز. يۇقۇمنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋاقىتلىق، ئىشىنىمىزكى تىرىشىش ئارقىلىق، بۇ يىل بىز بەلگىلىگەن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يەنىلا ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: چىن مېھىر - مۇھەببەت ئېغىر كۈنلەردە بىلىنىدۇ. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداپلا قالماي، دۇنيا ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىگىمۇ يۈكسەك مەسئۇل بولىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئاساسلىقى جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە خەلقئارا جەمئىيەت تەمىنلىگەن ياردەمگە رەھمەت ئېيتىدۇ. جۇڭگو باشتىن - ئاخىر ئوچۇق - ئاشكارا پوزىتسىيە بىلەن، فرانسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ فرانسىيە تەرەپ بىلەن سەھىيە ساھەسىدىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى، رايون ۋە دۇنيا ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى ئورتاق ياخشى قوغداشنى خالايدۇ.

ماكرون جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا يەنە بىر قېتىم مەدەت بەردى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋاقتىدا كۈچلۈك تەدبىر قوللانغانلىقى، يۇقىرى دەرىجىدە ئوچۇق - ئاشكارا ئىش كۆرگەنلىكىگە قايىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ماكرون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: فرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنى بىر تۈركۈم داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى، داۋاملىق ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. فرانسىيە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان كەسپىي پىكرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، يۇقۇمغا بولغان ئىنكاسى ئومۇمىي جەھەتتىن ئوبيېكتىپ، نۆۋەتتە فرانسىيەنىڭ ۋۇخەندە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى يەنىلا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. فرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىللە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى خالايدۇ ھەم بۇنى پۇرسەت بىلىپ، سەھىيە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، تەكلىپ بويىچە ئەنگلىيە باش ۋەزىرى جونسون بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ ئايال پادىشاھ ئېلىزابېت II ۋە جونسوننىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ئەنگلىيە تەرەپ بىزنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىمىزنى ماددىي ئەشيا ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى، بۇ، جۇڭگو - ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇق رىشتىنى نامايان قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى توپلاپ، ئەڭ ئومۇميۈزلۈك، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل بولغان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. جاپاغا چىداپ تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئاكتىپ ئۆزگىرىش بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كىردى. بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قەتئىي ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، يۇقۇم پەيدا قىلغان تەسىرنى تىرىشىپ ئازايتىمىز. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك، ئىچكى ئېھتىياج بوشلۇقى كەڭ، كەسىپ ئاساسى تولۇق، بىزنىڭ بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بولۇپمۇ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى تۇتۇشقا ئىشەنچىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو تەرەپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مەسئۇل بولىدۇ، ھەم دۇنيا ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرىدا مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. بىز غايەت زور تەۋرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يۇقۇمنىڭ دۇنيا دائىرىسىدە يامراپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك توستۇق. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق ئوچۇق - ئاشكارا پوزىتسىيەدە، ئەنگلىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە ئوخشاشلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ دائىمىي كېڭەش دۆلىتى، يەر شارىۋى خىرىس كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان ۋەزىيەتتە، قول تۇتۇشۇپ تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، تېخىمۇ كۆپ رولىنى نامايان قىلىپ، جۇڭگو - ئەنگلىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى ئون يىللىق سەپىرىنى قايتا باشلاشقا يېتەكلىشى كېرەك. ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات چوڭ يۆنىلىشىنى ئىستراتېگىيەلىك نۇقتا ۋە سىياسىي يۈكسەكلىكتە ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش ھەمكارلىق يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور ئىشلارغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك. ئىككى تەرەپ يۇقىرى قاتلامدىكى ھەمتۈرتكىلىكنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىساد جەھەتتىكى ئۆزئارا تولۇقلاشچانلىقىنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ماھىيەتلىك ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئەنگلىيە تەرەپ بىلەن بىللە كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئەركىن سودىنى قوغداپ، مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

جونسون ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو خەلقىدىن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئۇچرىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقى، تىزگىنلىگەنلىكى، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن ئۇچۇردىن ۋاقتىدا تەڭ ئورتاقلاشقانلىقى، يۇقۇمنىڭ دۇنيا مىقياسىدا يامراپ كېتىشىنىڭ تىرىشىپ ئالدىنى ئالغانلىقىنى يۈكسەك ئالقىشلىدى. جونسون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئەنگلىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا نامايان قىلغان سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمگە قايىل، جۇڭگو تەرەپنى داۋاملىق مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى چوقۇم يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، ھەم يۇقۇمنىڭ جۇڭگونىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرەلەيدۇ.

جونسون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شەخسەن مەن جۇڭگونى قىزغىن سۆيىمەن، ئەنگلىيە يېڭى ھۆكۈمەتكە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىللە، ھەرقايسى قاتلام، دەرىجىلەردىكى ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەنگلىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى»دە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى خالايمەن. ئەنگلىيە جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ ئەنگلىيەگە كېلىپ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىدۇ، شۇنداقلا «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش رامكىسى ئىچىدە جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو ھەر ئىككىلىسى تەسىر كۈچكە ئىگە چوڭ دۆلەت، نۇرغۇن خەلقئارالىق مەسىلىلەردىكى مەيدانى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىككىلا تەرەپ كۆپ تەرەپچىللىكنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەركىن سودىنى قوللاپ، كۆپ تەرەپ سودا تۈزۈلمىسىنى قوغدايدۇ. ئەنگلىيە تەرەپ بۇ يىل مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىلىمات ئۆزگىرىشى رامكا ئەھدىنامىسى» يىغىنى ۋە جۇڭگو تەرەپ مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان «جانلىقلار كۆپ خىللىقى ئەھدىنامىسى» يىغىنى توغرىسىدىكى ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)